# يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپى فاكۇلتېتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەر ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق، كەسپلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

قانداق ئادەم يېتىشتۈرۈش، ئادەمنى قانداق يېتىشتۈرۈش، كىم ئۈچۈن ئادەم يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپى فاكۇلتېتى — پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق، كەسپلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپى فاكۇلتېتى ھەربىي ئىشلار مائارىپى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساسىي قوللانما، ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئارمىيەنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئارمىيەمىزدىكى ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەر ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىدا مەكتەپ باشقۇرۇش ئورنىغا دىققەت بىلەن قاراپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە يىراق كەلگۈسىدىن پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، فۇنكسىيەسى ئېنىق، ئورگانلىك جىپسىلاشقان مەكتەپ باشقۇرۇش، ئادەم تەربىيەلەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پەن - كەسپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دىققەتنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشان - تەلىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئوقۇتۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەرنىڭ پەن تەتقىقات بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنى غايە ئېتىقادنى چىڭىتىش، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزىنى تەربىيەلەش، بېرىلىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەربىيەلەپ ۋە يېتەكلەپ، باشلامچى، سەر خىل ئىختىساسلىقلار، ئوتتۇرا ياش - ياش تايانچ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ، يۇقىرى - ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كوماندىرلارنىڭ ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەرگە بېرىپ دەرس ئۆتۈش يولىنى ئېچىپ، تاشقى قىسىمدىكى ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ كۈچلىرى ۋە بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىش، تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ھەربىي ئىشلار سىياسەت - تۈزۈمى ئىسلاھاتى رامكىسىدا ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ يانداش تۈزۈملىرىنى پىلانلاپ ۋە ئالغا سىلجىتىپ، ئىختىساسلىقلار ساپاسى ئۆلچىمى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، مائارىپ باشقۇرۇش - يۈرگۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئىزدىنىشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم - مېخانىزم جەھەتتىن ئاكادېمىيە - مەكتەپ قۇرۇلۇشىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاكادېمىيە - مەكتەپ مۇدىرلىرى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشى، تەربىيەلەشنى بىلىشى، ئۇرۇش قىلىشنى تەتقىق قىلىشى، باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، ئىنتىزامچان بولۇشنى چىڭىتىشى، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىشنىڭ كەسپىي ئەھلىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. ئىش ئورنى تەلىپى بىلەن ماسلاشقان سىياسىي ساپا ۋە سىياسىي ئىقتىدارنى ھازىرلاپ، ئىدىيە جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن مەكتەپ قۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ھەربىي ئىشلار مائارىپى خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، مائارىپ ئىدىيەسىنى يېڭىلاپ، مائارىپ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەربىي ئىشلار مائارىپىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىشى، ئۇرۇش قىلىشنى تەتقىق قىلىشى، جەڭ قىلىشنى تەتقىق قىلىشى، ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەردە ئۇرۇش قىلىشنى تەتقىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگىنىش، ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگىنىش كەيپىياتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئوقۇتۇشنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ئۆگىنىشنى قاتتىق باشقۇرۇپ، تەتقىقاتنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ئىمتىھاننى قاتتىق باشقۇرۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەرنىڭ يۈكسەك مەركەزلىك بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىنتىپاق، جىددىي، كەسكىن، جانلىق ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلىشى كېرەك. پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىستىل، ئىنتىزام يېتىلدۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش - ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ياخشى ئوبرازى ئارقىلىق ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەرنىڭ ياخشى كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئارمىيە ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەرنى قوللىشى، ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، يېتەكلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئورتاق ھالدا ئارمىيەمىزنىڭ ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيەگە ئۆستۈرۈشى كېرەك.

شۇ چىلياڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جاڭ يوۋشيا، ۋېي فېڭخې، لى زوچىڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەربىي ئاكادېمىيە - مەكتەپلەردە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى ئۇرۇش رايونلىرى، ھەرقايسى ئارمىيە، قىسىم تۈرلىرى، ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەربىي ئىشلار ئاكادېمىيەسى، دۆلەت مۇداپىئە داشۆسى، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا داشۆسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن سۇرىنام تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ھەم ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، داۋاملىق ھالدا بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە قوللىشى كېرەك. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، سۇرىنامنىڭ كۈچلۈك قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. جۇڭگو تەرەپمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا سۇرىنام تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، خەۋەرلىشىش، ئېنېرگىيە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى ئېنېرگىيە، رەقەملىك ئىقتىساد، ساياھەت، كۆك ئىقتىساد قاتارلىق يېڭى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئېچىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي كۈچى بار جۇڭگو مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ سۇرىنامغا بېرىپ مەبلەغ سېلىپ كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ. سۇرىنام كارىب رايونىدىكى خۇاچياۋ، خۇارېنلار ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خادىملارنىڭ بېرىش - كېلىشىگە قولايلىق يارىتىپ، مائارىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ سۇرىنامغا داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ يەر شارىۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى ساقلاپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىپ، ئىككى دۆلەت ھەم كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ھالدا كۆپ تەرەپلىك سورۇنلاردا سۇرىنام تەرەپ ئۈچۈن ھەققانىي سۆز قىلىپ، سۇرىنام تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، يەر شارى كىلىماتى جەھەتتىكى كۆپ تەرەپلىك مۇساپىگە ئىجادىي قاتنىشىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە خەلقئارادىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كۈچلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو تەرەپ لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئۆز ئالدىغا تاللاش ھوقۇقىغا ئىزچىل ھۆرمەت قىلىپ كەلدى، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسى ۋە رايون مەسىلىلىرىنى سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى قوللايدۇ. جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى مۇناسىۋىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئىككى تەرەپكە ئەمەلىي پايدا ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا رايوننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. جۇڭگو تەرەپ لاتىن ئامېرىكىسى تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە، جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۈختىلاشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

باۋتېرس جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا، جۇڭگو خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە بەخت يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باۋتېرس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مېنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىشىم مۇھىم تارىخىي ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. سۇرىنام - جۇڭگو دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، سۇرىنام تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بۈيۈك ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى قوللايدۇ. شياڭگاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سۇرىنام تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداشقا ھوقۇقلۇق. سۇرىنام تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ سۇرىنامنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ھەرقايسى قاتلامدىكى ئالاقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى خالايدۇ. يەككە تەرەپچىللىك دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتىكى باراۋەرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق رايونلار ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى، سۇرىنام تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى قوغداشنى خالايدۇ. سۇرىنام تەرەپ لاتىن ئامېرىكىسى - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو - سۇرىنامنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش ھەمكارلىق پىلانى، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزئارا ۋىزا كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا بىللە گۇۋاھ بولدى.

ئىككى دۆلەت بىرلىكتە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سۇرىنام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشمە ئاخباراتى»نى ئېلان قىلدى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىدا باۋتېرسنى قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پېڭ لىيۈەن، ياڭ جيېچى، شېن يۆيۆ، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ، شاۋ خۇڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو پەلەستىن خەلقىنىڭ سەمىمىي ياخشى دوستى، ياخشى ھەمراھى، ياخشى قېرىندىشى، پەلەستىن - ئىسرائىلىيە تىنچلىقىنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى. جۇڭگو تەرەپ پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ھەققانىي ئىشلىرىنى قوللايدۇ، 1967 - يىلدىكى چېگرانى ئاساس قىلغان، شەرقىي يېرۇسالېمنى پايتەخت قىلغان، تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى قوللايدۇ. جۇڭگو داۋاملىق خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىللە، پەلەستىن - ئىسرائىلىيە تىنچلىق سۆھبىتىگە تۈرتكە بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئادىل، ئۇزاققىچە تىنچلىقىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ.

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - يىغىنى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراش كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھېسامىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، قىسمەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.




## 14 - نۆۋەتلىك قىشلىق كۆرگەزمە باشلاندى

### شۇ كۈنى نەق مەيداندا 16 تۈر ئىمزالاندى، تەخمىنەن جەمئىي 18 مىليارد 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى

مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، 14 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ قىشلىق ساياھەت كەسپى سودا كۆرگەزمىسى ئالتاي شەھىرىدە باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز كۆرگەزمىگە قاتناشتى ھەم قىشلىق كۆرگەزمىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

باشلىنىش مۇراسىمى كۈنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا - يەرلىك ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى قاتارلىقلارنى ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، 16 تۈرنى ئىمزالىدى، كېلىشىم مەزمۇنى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى، مېھمانساراي قۇرۇلۇشى ھەم ساياھەتچىلەرنى توشۇش كېلىشىمى، ساياھەت ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى، ھەممىباب ئاۋىياتسىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، تەخمىنەن جەمئىي 18 مىليارد 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەنشى رۇڭۋېي سېلىنما چەكلىك شىركىتى قاناس جيادېڭ جىلغىسى، جياڭجۈن تېغى قار تېيىلىش مەيدانىنىڭ مېھمانساراي، قار تېيىلىش جابدۇقلىرى زالى قاتارلىق تۈرلىرىگە مەبلەغ سالىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى زى رۇڭ مۇنداق دېدى: كەلگۈسى بەش يىلدا، شىركەت 9 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق تۈر مەبلىغىنى ئورۇنداپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇ كۈنى، يەنە «دۇنيا ئېگىز تاغدا قار تېيىلىش ئىقتىساد مۇنبىرى»، «30 - نۆۋەتلىك غەربىي شىمال ساياھەت رايونى ھەمكارلىشىش يىغىنى» قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ نۆۋەتلىك قىشلىق كۆرگەزمىدە مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى تۇتقا، كۆرگەزمە ۋە سودا يادرو، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭنىڭ قىشلىق مەدەنىيەت ساياھەت مەھسۇلات - تۈر سودا سۇپىسى بەرپا قىلىش، شىنجاڭنىڭ قىشلىق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇش، شىنجاڭنىڭ قىشلىق ساياھەت يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش نىشان قىلىنغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى داڭلىق قار - مۇز ساياھەت ئورنى ھەم دۇنيادىكى مۇھىم ساياھەت مەنزىلگاھى كۈچەپ بەرپا قىلىنىدۇ. «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ داڭقىنى چىقىرىش چۆرىدىلىپ، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تۆت پەسىللىك تەكشى تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. پائالىيەت 2019 - يىلى 11 - ئايدىن 2020 - يىلى 3 - ئايغىچە داۋاملىشىدىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئىككى جاي بىرلىشىپ ئۆتكۈزۈش شەكلى قوللىنىلىپ، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 12 شۆبە مەيدان تەسىس قىلىنىپ، «شىنجاڭ قىش پەسىللىك مەدەنىيەت ساياھىتىنىڭ شادلىق پەسلى» يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇش ئارقىلىق، كەڭ ئامما ئومۇمىيۈزلۈك قاتنىشىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان، ئورتاق شادلىنىدىغان، تەسىرىنى كېڭەيتىدىغان تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.